# چەتئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىقىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرايلى

تۇر باير

مەن 1981 - يىلى ئۆكتەبىردە جۇڭگونىڭ چارۋىچىلىقنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى بىلەن بىللە غەربىي گېرمانىيىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. بۇ قېتىم غەربىي گېرمانىيىنىڭ چارۋىچىلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈش، زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، نەزەر دائىرەم كېڭەيدى. بىلىمىم ئاشتى، چارۋىچىلىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئىرادەم ۋە ئىشەنچىم كۈچەيدى. ھازىر مەن زىيارەت جەريانىدا تەسىراتىم چوڭقۇر بولغان بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدە بىر نەچچە تۈرلۈك تونۇشۇمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

غەربىي گېرمانىيىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 248 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 32 پىرسەنتىنى، ئوتلاق 21 پىرسەنتىنى، ئورمانلىق 29 پىرسەنتىنى؛ شەھەر، تاشيول ۋە سانائەت ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەر 11.3 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىكەن. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جەمئىي 61 مىليون 300 مىڭ نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 4 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىكەن، يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ 6 - 7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن، لېكىن ئۇلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئومۇمىي نوپۇسقا كېتەرلىك ئوزۇقلۇق ماددىسىنىڭ 75 پىرسەنتىن كۆپرەكىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن.

غەربىي گېرمانىيە يۈكسەك دەرىجىدە سانائەتلەشكەن كاپىتالىستىك دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشىمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىپتۇ. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى خەلق ئىگىلىكى بويىچە ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئاران 2.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليارت 400 مىليون ماركىغا يېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 67.4 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىكەن؛ ھەر بىر يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى 47 ئادەمنى باقالايدىكەن. 1978 - يىلى مەملىكەت

بويىچە ھەر بىر كىشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 136 جىڭ ئاشلىق، 72 جىڭ شېكەر، 152 جىڭ مېۋە، 175 جىڭ گوش، 53 جىڭ تۇخۇم، 162 جىڭ سۈت، 35 جىڭ ئېرىمچىك، 295 جىڭ پىۋا ئىستېمال قىلغان. بىز زىيارەت قىلغان يېزا ئىگىلىك ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسىدە گىلەم، توك ئوچىقى، توك بىلەن مۇزلىتىش ساندۇقى، تېلېۋىزور، پىكاپ قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى بار ئىكەن.

غەربىي گېرمانىيە چارۋىچىلىقىنىڭ قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇۋاپىق بولۇپ، گوش، سۈت، تۇخۇم مەھسۇلاتى غەربىي ياۋروپادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن. 1979 – يىلدىن 1980 – يىلغىچە قوتاندا 15 مىليون تۇياق كالا ساقلانغان. ئۇ بىر يىلدا 1 مىليون 570 مىڭ توننا كالا گوشى ئىشلەپچىقىرىدىكەن. ھەر بىر تۇياق گوش كالىسىنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 600 كىلوگرام كېلىدىكەن، 5 مىليون 550 مىڭ تۇياق سېغىن سىيىر بولۇپ، بىر يىلدا 25 مىليون توننا سۈت ئىشلەپچىقىرىدىكەن. ھەر بىر تۇياق سېغىن سىيىر بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 مىڭ 300 نەچچە كىلوگرام سۈت بېرىدىكەن، سۈتىنىڭ ماي تەركىۋى 3.8 پىرسەنتكە يېتىدىكەن. غەربىي گېرمانىيىدە 85 مىليون توخۇ بولۇپ، بىر يىلدا 14 مىليارت دانە تۇخۇم بېرىدىكەن. ھەر بىر توخۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 248 دانە تۇخۇم تۇغىدىكەن. بىر يىلدا 350 مىڭ توننا توخۇ گوشى ئىشلەپچىقىرىدىكەن. 1 مىليون 200 مىڭ تۇياق قوي بار ئىكەن.

غەربىي گېرمانىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ھازىرقىدەك مۇشۇنداق يۇقىرى سەۋىيىگە يېتەلىشى ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكىدىن ساقلىنىپ، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان، دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى يولغا قويغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ئۇلار ئىگىلىك باشقۇرۇشتا، مەھسۇلات مىقدارى ۋە مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن ھەمدە چارۋىلارنىڭ قوتاندا ساقلىنىش سانىغا دىققەت قىلماستىن، بەلكى چارۋىلاردىن ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدىكەن.

غەربىي گېرمانىيىنىڭ چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئالاھىدىلىكلىرى، ئاساسلىقى، مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىكەن:

## 1. ھۆكۈمەت چارۋا قانۇنى تۈزۈپ چىقىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، چارۋىچىلىقنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن

ئۇلار چارۋىچىلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تۇتۇپ،

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە چارۋىچىلىقتا قول بىلەن قىلىنىدىغان ئەمگەكنى ماشىنا ئارقىلىق قىلىشقا ئۆزگەرتىشتەك ئۆتكۈنچى دەۋرنى ئاياقلاشتۇرغان. ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك يىغىش، ياخشى نەسىل - سورتلارنى يېتىشتۈرۈش، كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى داۋالاش، ئىلمىي تەتقىقات، ئوقۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردە چارۋىچىلىقنى زامانىۋىلاشتۇرغان.

ھۆكۈمەت بىر قاتار سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلارنى تۈزۈپ چىقىپ، چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تۇتقان، مەسىلەن: يەرلەرنى رەتلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئازلاش پارچە - پۇرات يەرلەرنى تۇتاشتۇرۇپ، ماشىنا بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق ياراتقان. چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى باھا جەھەتتە قوغداش سىياسىتى، يېزا ئىگىلىك ئائىلىلىرىگە قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش ۋە ئۆسۈمى كېمەيتىلگەن قەرز پۇل بېرىش سىياسىتى قاتارلىق- لارنى يولغا قويۇپ، ھەر خىل يوللار بىلەن يېزا ئىگىلىك ئائىلىلىرىنىڭ چارۋىچىلىقنى راۋاج- لاندۇرۇشىغا مەدەت بەرگەن. ھۆكۈمەت مەبلەغ چىقىرىپ كۆۋرۈك ۋە يول ياساپ، قاتناش شارائىتىنى ياخشىلىغان. ھۆكۈمەت كالا بېقىش جەمئىيىتى، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش جەمئىيىتى، نەسىل يېتىشتۈرۈش جەمئىيىتى، كالا سۈتىنى تەكشۈرۈش جەمئىيىتى، ئىستىراخۋانىيە جەمئىيىتى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش جەمئىيىتى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېلېك- تىرونلۇق ھېساپلاش مەركىزىي پونكىتى جەمئىيىتى ۋە يەم - خەشەك، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش - سېتىش بىرلەشمە تەشكىلاتلىرى قاتارلارغا ھۆرمەت قىلغان، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغان ھەمدە رىقابەتلىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئائىلىلىرى ۋە جەمئىيەتلىرىنىڭ، كارخانىلار- نىڭ چارۋا بېقىشقا، تېخنىكا يېڭىلىشىغا ئىلھام بەرگەن ۋە مەبلەغ ياردەم قىلغان، مۇكا- پات سوممىسى، تەقدىرنامە ۋە مېدال تارقاتقان.

ھۆكۈمەت چارۋىچىلىققا دائىر تۈرلۈك قانۇنلارنى ئېلان قىلغان ھەم ئۇلارنى قاتتىق ئىجرا قىلغان. مەسىلەن: ئۇلار ئوتلاق قانۇنى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش قانۇنى، سورت يېتىشتۈرۈش قانۇنى، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش قانۇنى، يەم - خەشەك قانۇنى، ئىستىراخۋانىيە قانۇنى، كارخانا قانۇنى، باج ئېلىش قانۇنى، خۇسۇسىي مۈلۈكنى قوغداش قانۇنى قاتارلىق بىر نەچچە ئون خىل قانۇن ئېلان قىلغان. ئۇ يەردىكى چارۋىچىلىق مەمۇرى تارماقلىرىنىڭ ۋەزىپىسى تۈرلۈك قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا نازارەتچىلىك قىلىپ، چارۋىچىلىقنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەن.

## 2. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىش، دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئوبدان ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن

غەربىي گېرمانىيىدە يېزا ئىگىلىكى بىر قەدەر مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار

تارىخىي ئەنئەنىۋى ئادەتكە ھۆرمەت قىلىپ، تەبىئىي قانۇنىيەت ۋە ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرگەن، مەسىلەن: باۋارىيە ئىشتاتى دېڭىز يۈزىدىن خېلى ئېگىز بولغان تاغلىق رايون بولۇپ، بۇ يەردە ئورمانلىقنىڭ كۆلىمى 50 - 60 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىكەن، قالغان يەرلەر مەڭگۈلۈك ئوتلاق بولۇپ، بۇ يەرلەردە چارۋا بېقىلىدىكەن. شىمالىي قىسمىدىكى دەريا ۋادىلىرىدا مۇنبەت ئېتىزلار بار ئىكەن، بۇ يەرلەردە تېرىقچىلىق زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بولۇپ، ئاشلىق ۋە يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىكەن. ئوتتۇرا قىسمىدا كەڭ كەتكەن ئېتىزلار ۋە سېرىق توپا بىلەن قاپلانغان يەرلەر بولۇپ، بۇ جاي بۇغداي ئىشلەپچىقىرىدىغان باي - مۇنبەت جاي ئىكەن. ئۇلار تاغ ئېتەكلىرىدىكى قۇملۇق يەرلەرگە ياڭيۇ تېرىيدىكەن. رېين ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي تەرىپى سانائەت رايونىغا يېقىن بولغاچقا، ئۇ يەردە سېغىن سىيىر كۆپلەپ بېقىلىدىكەن. غەربىي شىمال تۈزلەڭلىكىنىڭ تۇپرىقى قۇملۇق تۇپراق بولۇپ، ئۇنىڭ يېرىمى ئورمانلىق، يېرىمى ئوتلاق ئىكەن. ئۇ جايدىكى ياخشىراق يەرلەرگە قارا بۇغداي، سۇلۇ تېرىلىپ، چوشقىچىلىق ئىشلىرىمۇ راۋاجلاندۇرۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېگىزلىكنىڭ تاغ ئالدى رايونىدا سېرىق توپىلىق بىر جاي بولۇپ، ئۇ جاينىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۇ قۇرۇلۇش شارائىتى ياخشى بولغاچقا، قىزىلچا تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدىكەن، شۇڭا بۇ جاي قىزىلچا تېرىلىدىغان رايون قىلىنغان ھەمدە ئۇ يەردە قىزىلچا تېرىپ، بىدە قاتارلىقلار بىلەن گۆش كالىسى بېقىلغان. دېمەك، ئۇلار ئېگىزلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈشكە، ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشقا، تەبىئىي بايلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بەرگەن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

غەربىي گېرمانىيىدە تېرىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش تېرىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى تېرىقچىلىقنى كۆپلەپ ئوغۇت بىلەن تەمىن ئەتكەن، بۇنىڭ بىلەن، ھەر بىر گېكتار يەرگە تەخمىنەن 6 مىڭ كىلوگىرامدىن 6 مىڭ 700 كىلوگىرامغىچە ئاساسىي ئوغۇت بېرىش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان، تېرىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مەبلەغ توپلانغان ۋە تېرىقچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئومۇملاشتۇرۇپ پايدىلىنىش ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىلگەن.

### 3. ئەلا سورتلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈشكە ۋە ئۇنى كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن

غەربىي گېرمانىيىدە چارۋىچىلىق يەن تەتقىقات خادىملىرى ئەلا نەسىللىك چارۋا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئاشۇرۇش ئامىللىرىنىڭ تەخمىنەن 30 - 40 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ،

دەپ قارايدىكەن . شۇڭا ئۇلار ئالا نەسىل ۋە سورتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا ، بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى ۋە ئۇلارنى كېڭەيتىش ئىشلىرىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ ، ئۇلارنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەن . ئالا نەسىلنى تاللاپ يېتىشتۈرۈشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىدىن قارىغاندا ، سىممېنتال سىيىرنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 20 يىلدىن بۇرۇنقى 500 نەچچە كىلوگرامدىن ھازىرقى 600 نەچچە كىلوگرامغا يەتكەن . ئۇنىڭ بېرىدىغان سۈتى 20 يىلدىن بۇرۇنقى 2 مىڭ نەچچە كىلوگرامدىن ھازىرقى 4000 نەچچە كىلوگرامغا يەتكەن . قارا - ئالا سىيىرنىڭ سۈت مەھسۇلاتى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ ، ئۆمۈر بويى بەرگەن سۈتى 134 مىڭ كىلوگرامغا يەتكەن . ئۇ يەردىكى تۇخۇم تۇغىدىغان توخۇ ۋە گۆش توخۇلىرىنىڭ 95 پىرسەنتتىن كۆپرەكى مېتىس توخۇ بولۇپ ، ھەر بىر مېكىيانىدىن ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 234 تۇخۇم ئېلىنغان .

ھۆكۈمەت ۋە كارخانىلارنىڭ ھەممىسى ئالا نەسىللەرنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىدىكەن . مەسىلەن : ياپونىيە ئىشتاتىدا ھۆكۈمەت ھەر يىلى 50 مىليون مارك پۇل ئاجرىتىپ ، كالا سۈتىنى تەكشۈرۈش ۋە كالىلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە ياردەم بېرىدىكەن . دېخانلاردىن سۈتىنىڭ ماي تەركىبى 5 پىرسەنتكە يەتكەن سىيىر يېتىشتۈرگەنلەرگە 500 مارك پۇل مۇكاپات بېرىدىكەن . ۋىردېنبورگ قارا - ئالا كالا نەسلىنى يېتىشتۈرۈش جەمئىيىتى غەربىي گېرمانىيىدىكى كالا نەسلى يېتىشتۈرۈش تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ جەمئىيەتنىڭ قارمىقىدا تەخمىنەن 100 مىڭ تۇياق سۈت سىيىرى بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە 60 پىرسەنت سىيىرنىڭ سۈت مىقدارى ئۆلچەپ كۆرۈلۈپتۇ . 1980 - يىلى 37 مىڭ 616 تۇياق سىيىرنىڭ سۈت مىقدارىنى ئۆلچىگەندە ، ھەر بىر تۇياق سىيىرنىڭ يىللىق سۈت مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 مىڭ 611 كىلوگرامغا يەتكەن ، ماي نىسبىتى 4.05 پىرسەنتكە يەتكەن . سۈت مىقدارى ئۆلچەنگەن 16 سىيىرنىڭ سۈت مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭ كىلوگرامغا يەتكەن ، 35 سىيىرنىڭ سۈت مىقدارى 8 مىڭ كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتكەن . بۇ جەمئىيەتنىڭ قارمىقىدا يەنە كالىلارنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ، نازارەتچىلىك قىلىش جەمئىيىتى ، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى قاتارلىقلار بار ئىكەن .

غەربىي گېرمانىيە كالىلارغا دائىر تۈرلۈك سانلىق كۆرسەتكۈچلەرنى ياخشى خاتىرىلەپ ، نەسىل يېتىشتۈرۈشتە ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ، كارتوچكىغا خاتىرىلەپ مېڭىشنى ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى بىلەن ھېساپلاشقا ئۆزگەرتكەن . بۇ خىزمەتنى تۆۋەن ساكسون يېزا ئىگىلىك ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش مەركىزى ھۆددىگە ئالغان . بۇ بىر ئىشەنچلىك مەسلىھەت ئورگىنى بولۇپ ، ئۇنىڭغا 8000 دىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك ئائىلىسى قاتناشقان . بۇ مەركەز نەسىل يېتىشتۈرۈش تەلىپى ۋە كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي

تەلىۋى بويىچە، ھەر ئايدا 6 مىليون 800 مىڭ تۇياق سېيرنىڭ سۈت مىقدارىنى ئۆلچەپ تۇرىدىكەن. ھەر يىلى تەخمىنەن 960 مىڭ تۇياق سېير تۇنجى قېتىم ئورۇقلاندۇرۇلىدىغان بولغاچقا، بۇلى 1 مىليون 500 مىڭ قېتىمدىن كۆپرەك خاتىرىلەشكە توغرا كېلىدىكەن، يېتىشتۈرۈلگەن نەسىلنىڭ قىممىتىنى مۆلچەرلەش جەھەتتە، ھەر يىلى بۇقىلارنىڭ 100 كۈنلۈك ۋە 305 كۈنلۈك بولغان نەۋلاتلىرى 6 قېتىم بالىتۇرۇپكىلىنىدىكەن. سۈنئىي نەسىللەندۈرۈلگەن 265 تۇياق بۇقىنىڭ ۋە تەبىي ئورۇقلاندۇرۇلغان 300 تۇياق بۇقىنىڭ نەسىل قىممىتى مۆلچەرلەپ چىقىلىدىكەن. بۇ مەركەز يەنە چوشقا ۋە ئات نەسلىنى يېتىشتۈرۈش ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالىدىكەن، ئۇنىڭ راسخودى جەمئىيەت ئەزالىرىدىن كالىلارنىڭ تۇياق سانىغا ئاساسەن ئېلىنىغان بەدەل پۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىكەن؛ ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىگىمۇ ئىگە بولۇپ تۇرىدىكەن.

## 4. يېتەرلىك يەم - بوغۇز ۋە ئەرت - چۆپ ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغان

غەربىي گېرمانىيىدە ھۆكۈمەت ئەمر - پەرمان چىقىرىپ، ئوتلاقلارنى مەڭگۈلۈك ئوتلاق قىلىپ مۇقىملاشتۇرۇۋەتكەن ئىكەن، ئۇنى ئىگىلىۋېلىشقا ۋە بۇزۇۋېتىشكە يول قويۇلمايدىكەن، خىلاپلىق قىلغۇچىلار جازالىنىدىكەن. ئۇلار ئوتلاقلاردا قوتان قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى چەك تۇتقان، سۇغۇرۇش، كېرەكسىز ئوت - چۆپلەرنى ئوتىۋېتىش، ئوت - چۆپلەرنى تولۇقلاپ تېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە چارۋىلارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ بېقىش - باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، تەبىي يايلاقلارنىڭ ئوت - چۆپ يېتىشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەن. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يەم - خەشەك ۋە ئوت - چۆپنىڭ مەنبەسىنى كېڭەيتكەن. بۇ، غەربىي گېرمانىيە چارۋىچىلىقىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنىڭ ئاساسى ئىكەن.

ئۇلار سازلىقنى ئۆزگەرتىش جەھەتتىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. ئۇلارنىڭ كونكرېت ئىشلەش ئۇسۇلى مۇنداق بولغان: ئالدى بىلەن لايىنى ئېلىۋېتىپ، چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان زەيكەشلەرنى چاپقان، ئاندىن ئىچى كاۋاك سۇلياۋ تۇرۇبا ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ سىرتىنى كۆلا بىلەن چىلق ئوراپ، كۆمۈپ، بۇ ئارقىلىق زەي سۈيىنى چىقىرىۋەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قۇم ۋە زەي تۇپىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياتقۇزۇپ، بۇ يەرگە سىلوس تەييارلىنىدىغان كۆممە قوناق تېرىپ، ھەر مۇسىدىن 10 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ھوسۇل ئالغان.

غەربىي گېرمانىيە تېرىقچىلىقنى چارۋىچىلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۈنىلىشىدە

چىڭ تۇرغان، ئۇلار يەرنى تۇجۇپلەپ تېرىپ، زىرائەتلەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تاۋار ئاشلىق ۋە يەم - خەشەكنى كۆپ ئىشلەپچىقارغان ۋە ئۇلار بىلەن كۆپ تەمىنلىگەن. 1976 - يىلىدىن 1977 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، بۇغداي بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 89 پىرسەنتتە، يەم - خەشەك بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 80.1 پىرسەنتتە، شېكەر بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 14 پىرسەنتتە، كالا گۆشى بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 97 پىرسەنتتە يەتكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەملىكەت بويىچە ئومۇمى يەم - خەشەك زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلىش كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. 1976 - يىلىدىن 1977 - يىلغىچە چارۋىلارنى بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن كۆك يېرىك يەم - خەشەكلەرنىڭ مىقدارى ئومۇمى يەم - خەشەكنىڭ تەخمىنەن 39.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

غەربىي گېرمانىيىنىڭ يەم - خەشەك سانائىتىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، ئۇلار ھەر خىل چارۋىلار ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھەر خىل چارۋىلار ۋە ئۆي قۇشلىرىنى بېقىشقا باپ كېلىدىغان ئارىلاشما يەم - خەشەك ۋە دانىچە يەم - خەشەك قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىپ، نۇرغۇن يەم - خەشەكنى تېجەپ قالغان.

## 5. يېزا ئىگىلىك كەسپىي مائارىپىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرگەن

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن ئەمگەكچىلەر بولمىسا، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا غەربىي گېرمانىيە ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىك مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشنى يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ زور تەدبىرى سۈپىتىدە چىڭ تۇتقان ۋە بەزى سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر يىلى زورۇر بولغان خىراجەتلەرنى ئاجراتقان. ئۇلار بۇ چىقىمنى «ئەقلىي جەھەتكە سېلىنغان مەبلەغ» دەپ ئاتىغان ھەمدە بۇ مەبلەغنىڭ ئۈنۈمى غايەت زور بولىدۇ دەپ قارىغان. ھازىر يېزا ئىگىلىك كەسپىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان كىشىلەر 140 مىڭدىن ئاشىدىكەن. بۇنىڭغا سەرپ قىلىنغان خىراجەت 1965 - يىلىلا 100 مىليون ماركتىن ئېشىپ كەتكەن. يېزا ئىگىلىك كەسپىي مائارىپىغا يالغۇز فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن شىتاتلىق ھۆكۈمەتلا ئېتىۋار بېرىپ قالماستىن، بەلكى ھەر خىل جەمئىيەتلەر ۋە تەشكىلاتلارمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىكەن.

بىز ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلغان ئېدىنبورگ رايونىدىكى قارا - ئالا كالا نەسلىنى يېتىشتۈرۈش جەمئىيىتى، ھەر يىلى 6 قارار قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئاچىدىكەن، ھازىر نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەنگەن دېھقانلار 2 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. بىر مۇنچە دېھقانلار ئۆزى پۇل خەجلەپ نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىنىشنى، بۇنىڭ بىلەن بەزى يېڭى تېخنىكا ۋە ماھارەتنى ئىگىلىۋېلىشنى خالايدىكەن. ھازىر خەلق تەشكىلاتلىرى باشقۇرغان ھەر خىل شەكىلدىكى يېزا ئىگىلىك كەسپىي مەكتەپلىرى ۋە كۇرسلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

## 6. ئىشلەپچىقىرىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشنى سېتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش يولىدا چىڭ تۇرغان

غەربىي گېرمانىيىدە بىر مۇنچە جايلار چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى بىر گەۋدە قىلىشنى يولغا قويغان. ئىشلەپچىقارغۇچىلار خامئەشيا يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدىكەن، پىششىقلاپ ئىشلىگۈچىلەر ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا خامئەشيا جەھەتتىكى تەلىۋىنى قويىدىكەن ھەمدە مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بېرىدىكەن. ساتقۇچىلار بولسا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ياكى يېرىم پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى سېتىپ مەبلەغ توپلايدىكەن ۋە پايدا ئالىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئىلگىرى سۈرۈلگەن، كىرىم كۆپەيگەن، ئىگىلىك گۈللەنگەن. مەسىلەن: غەربىي گېرمانىيىدە گوشنى بىرلىشىپ پىششىقلاپ ئىشلەش شىركىتى كالا بېقىش جەمئىيىتى ۋە ماگىزىنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ 300 مىڭ تۇياق كالا، 400 مىڭ تۇياق چوڭ چوشقا، 1 مىليون تۇياق چوشقا كۈچىكى باققان. ئۇلاردا كولىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن چارۋا ئۆلتۈرۈش ۋە گوشنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرى بولۇپ، يۈز نەچچە خىلدىن ئارتۇق يېمەكلىكنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىكەن، 100 دىن ئارتۇق ماگىزىن مەھسۇلاتلارنى سېتىشقا مەسئۇل ئىكەن. پۈتۈن شىركەتنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارت ماركىغا يېتىدىكەن، خېلى كۆپ پايدا ئالىدىكەن، بىر مۇنچە مەھسۇلاتلارنى چەتئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ ساتىدىكەن. بۇ شىركەت ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىش ئىشلىرىغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىپ، ئالغان پايدىسىنى قوشقان پېيىغا قاراپ تەقسىم قىلىدىكەن. باپولىيە ئىشتاتىدىكى ئانىكولا ئۇزۇن تالالىق توشقان تۈۋىتىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىمۇ توشقان بېقىش كارخانىسى ۋە توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش تۈرىنى بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ قۇرغان زاۋۇت ئىكەن. ئۇلار

ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەپچىقىرىلغان توشقان تىۋىتىنى ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، يەنە بىزنىڭ دۆلىتىمىزدىن 500 توننا ئۇزۇن تالالىق توشقان تىۋىتى ئىمپورت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ بىر كىلوگرامى 80 مارك ئىكەن. ئۇنىڭ ھازىر يىللىق پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 35 مىليون توننا ئىكەن. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە توشقان تىۋىتى بىلەن دىلسۇن ئارىلاشتۇرۇلۇپ توقۇلغان بۇيۇملار ۋە توشقان تىۋىتى بىلەن قوتاز يۇڭى ئارىلاشتۇرۇلۇپ توقۇلغان بۇيۇملار بار ئىكەن.

غەربىي گېرمانىيىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتا تېخىمۇ ياخشى شەرت - شارائىتقا ئىگە. مەن قانداق قىلىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەبىئىي بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي شارائىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆز جايىمىزنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قوي ۋە كالا بېقىش ئاساس قىلىنغان ئوتلاق چارۋىچىلىقىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا قوي، كالا ۋە چوشقا بېقىش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، شەھەرلەردە، سانائەت - كان رايونلىرىدا سىيىر بېقىش ۋە چوشقا ھەم ئۆي قۇشلىرى بېقىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، گۆش، ئىنچىكە تالالىق قوي يۇڭى، تېرە، تۇخۇم، سۈت قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا تۆۋەندىكى كونكرېت پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## 1. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، چارۋىلارنىڭ تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم

غەربىي گېرمانىيىنىڭ چارۋىچىلىقىنى تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاساسىي تەدبىرلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلار يېتەرلىك يەم - بوغۇز ۋە ئوت - چۆپ ئىشلەپچىقىرىپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشەنچلىك يەم - بوغۇز، ئوت - چۆپ ئاساسىغا ئىگە قىلغان. شىنجاڭنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىنكى 32 يىللىق تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىز ئۆتكەندە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلغاندا، پەقەت چارۋىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكىلا دىققەت قىلىپ، يەم - بوغۇز، ئوت - چۆپ ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بەرمىدۇق، تەبىئىي ئوتلاقلارنى ئاسراش ۋە سۈنئىي ئوتلاقلارنى قۇرۇشقا سەل قاراپ كەلدۇق. بەزى ئوتلاقلارغا چارۋا مال ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن، بۇ ئوتلاقلار ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتتى، چارۋىلارغا قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە قوشۇپ بېرىش ئۈچۈن كېتىدىغان يەم - بوغۇز، ئوت - چۆپ مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدۇق. نەتىجىدە،

چارۋىلىرىمىز يازدا تويۇنۇپ ، كۈزدە سەمرىپ ، قىشتا ئورۇقلاپ ، ئەتىيازدا ئۆلۈپ كېتىدىغان يامان ئەھۋاللارغا تولۇق خاتىمە بېرىلىدى . ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر يىلى ئۆلۈپ تۈگىدىغان 2 مىليون تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ .

بىز ئۆتكەنكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ ، تەبىي ئوتلاقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ ۋە ئۇلارنى ئوبدان باشقۇرۇشىمىز ، سۈنئىي ئوتلاقلارنى پائال قۇرۇشىمىز ، ئوتلاقلارنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ ، تېخىمۇ كۆپ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشىمىز لازىم . دۆلەت « ئوتلاق قانۇنى » ئېلان قىلغىچە ، ئاپتونوم رايونىمىزدا « ئوتلاق نىزامى » تۈزۈپ چىقىپ ئۇنى سىناق تېرىقىسىدە يۈرگۈزۈپ ، ئوتلاقلارنى ئاسراشنى قانۇن ۋە نىزام ئاساسىغا ئىگە قىلىشىمىز لازىم . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆستەڭ چېپىپ سۇ چىقىرىش ، قۇدۇق كولاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 250 مىليون مودىن ئارتۇق سۈيى يوق ياكى سۈيى يېتىشمەيدىغان ئوتلاقلاردا چارۋا ۋە ئادەم ئىچىدىغان سۇنى ۋە ئوتلاقنى سۇغۇرىدىغان سۇنى ھەل قىلىپ ، ئوتلاقلارنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم . بۇنىڭغا كېتىدىغان مەبلەغ ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغا بېرىلگەن راسخوتتىن ھەل قىلىنسا بولىدۇ . ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تېرىلمايدىغان يەر ۋە بىنام يەر تەخمىنەن 20 مىليون موغا يېتىدۇ . ئەگەر بۇ يەرلەر مۇددەت بويىچە تۈركۈم - تۈركۈملەپ چارۋا بېقىشقا ئاجرىتىپ بېرىلسە ، بۇ يەرلەرگە ئايروپىلان ، ماشىنا ، ئادەم ۋە ئات - ئۇلاق كۈچى بىلەن سۈپەتلىك ئوت - چۆپ تېرىپ سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىنسا ، چارۋىلارغا قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە قوشۇپ بېرىلىدىغان يەم - خەشەك ۋە ئوت - چۆپنىڭ بىر قىسمىنى ھەل قىلىپ كەتكىلى ۋە بۇ ئارقىلىق تەبىئەتكە يۆلىنىپ مال بېقىشتەك پاسسىپ ھالەتتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ .

غەربىي گېرمانىيە يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇلاردا دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىنتايىن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن . بىر قىسىم يەرلەرگە ئوت - چۆپ ۋە يەم - بوغۇز زىرائەتلىرى تېرىلغان ، بولۇپمۇ پۇرچاق ئائىلىسىگە كىرىدىغان ئوت - چۆپلەرنى تېرىشقا بەك ئەھمىيەت بېرىلگەن ، بۇنىڭ بىلەن ھەم چارۋا بېقىشقا كېتەرلىك يەم - بوغۇز ۋە ئوت - چۆپ ھەل قىلىنغان ، ھەم يەرنىڭ قۇۋۋىتى ئاشۇرۇلۇپ ، دېھقانچىلىقتا بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلگەن . بىر خىل ئىش ئارقىلىق كۆپ پايدىغا ئېرىشىلگەن . شىنجاڭدا تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كەڭ ، ھەر مىللەت ئاممىسى بىدە تېرىشتا ئۇزاق تارىخقا ۋە مول تەجرىبىگە ئىگە . ئەگەر دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئوت - چۆپ بىلەن زىرائەتنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ ، بىدىنىڭ

تېرىلىش نىسبىتى ھازىرقى ئومۇمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 6 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىغان ھالەتتىن ئومۇمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 20 - 25 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىغان ھالەتكە يەتكۈزۈلسە، ئۇ ھالدا، چارۋىچىلىقنىڭ مۇقىم تەرەققى قىلىشى كاپالەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، تېرىقچىلىق ئىشلىرىدىمۇ كۆپ تېرىپ، ئاز ھوسۇل ئېلىشتەك ناچار ئەھۋالنىڭ داۋاملىشىپ كېتىۋېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن يۇقۇرى ۋە مۇقىم ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭدا شاخ - شۇمبا، توپان، ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ تېرىپى (مەسىلەن، پۇرچاق، قىزىلچا قاتارلىقلارنىڭ تېرىپى، ھەر خىل ئاشلىقلارنىڭ كېپىكى قاتارلىقلار) مول بولۇپ، بۇلاردىن چارۋىلارنىڭ يەم - بوغۇز ۋە ئوت - چۆپ مەنبەسى سۈپىتىدە پايدىلانغىلى بولىدۇ، لېكىن، ھازىر بۇلاردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېقىلغۇ ۋە ئوغۇت قىلىنماقتا. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن كومما قوناق شاخلىرىدىن سىلوس باساپ چارۋىلارغا بېرىلسە، زىرائەتلەرنىڭ شاخ - شۇمبىلىرى ۋە تېرىپلىرى بىلەن چارۋا بېقىلسا، چارۋىلارنىڭ قىغىدىن پاتقاق گازى ئېلىنسا، ئۇنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن ئېتىزلار ئوغۇتلانسا، ئۇ چاغدا ئېنېرگىيە مەنبەلىرىدىن تولۇق ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايمىز.

يەم - خەشەك سانائىتى تەرەققى قىلدۇرۇلۇپ، ئارىلاش ۋە تولۇق قىممەتلىك يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلسا ۋە ئۇلار بىلەن تەمىنلەش يولغا قويۇلسا، يەم - خەشەكتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، يەم - خەشەكلەرنى تېجەپ قالغىلى ۋە چارۋىلارنى بېقىپ سەمىرتىش ۋاقتىنى قىسقارتقىلى بولىدۇ. ھازىر چەتئەللەردە بۇ جەھەتتىكى تەرەققىيات ئىنتايىن تېز بولۇۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەم - خەشەك سانائىتى مەملىكىتىمىزدىمۇ تېز تەرەققى قىلدى، ھازىر مەملىكىتىمىز بويىچە سائىتىگە بىر توننىدىن ئارتۇق ئارىلاش يەم - خەشەك ئىشلەپچىقارالايدىغان زاۋۇتتىن 358 ى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 500 مىڭ توننىغا يېتىدۇ. ئەمما ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇنداق سانائەت يوق، شۇڭا ئۇنى كىچىكتىن چوڭغا، يەرلىكتىن زامانىۋىلىشىشقا قاراپ تەرەققى قىلدۇرۇشىمىز، چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلارنى قۇرۇشنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇشىمىز، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى ئەشۇنداق زاۋۇتلارنى قۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، باشقىلارغا يېتىشىۋېلىشىمىز لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، يەم - خەشەكلەرنى يىغىدىغان، ساقلايدىغان، ئورىدىغان ۋە توغراپ ئۇششاقلايدىغان ماشىنا - سايمانلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇلار بىلەن تەمىنلەشنى پىلانغا كىرگۈزۈپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېز ھەل قىلىشىمىز لازىم.

## 2 . چارۋىلارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك نەسلىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم

ئازاتلىقتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتا ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ قويلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىز كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. بۇ يىل دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى ۋە يېزا ئىگىلىك كومىتېتى تارقاتقان يېزا ئىگىلىك پەن تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتۇق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كالىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش جەھەتتىمۇ يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. لېكىن، بەزى دۆلەتلەر ۋە رايونلار بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق پەرق بەك چوڭ، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىرمۇنچە جايلاردا چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كەتتى. بەزى ئىنچىكە يۇڭلۇق قويلار ۋە نەسلى ياخشىلانغان قويلار يەرلىك نەسىللىك قوشقارلار بىلەن چېتىشتۇرۇلماقتا. ھەر خىل چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى يېڭىلاش - يېتىشتۈرۈش جەمئىيەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇپ كەتمىدى. بەزى جايلاردا ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نەسىللىك چارۋا فېرمىسىدىن 18 ى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق ئەمەس، شەرت - شارائىتى ناچار، تېخنىكا كۈچى ئاجىز، ئۇلارنى تەڭشەش ۋە تەرتىپكە سېلىشقا توغرى كېلىدۇ. چەتئەللەرنىڭ ۋە ئۆزىمىزنىڭ بۇرۇنقى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، چارۋىلارنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، نەسىل ياخشىلاشنى چارۋىچىلىقتا تېخنىكا ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ ۋە مالىيە كۈچى سەرپ قىلىپ، بۇ جەھەتتە نەتىجە يارىتىشىمىز لازىم. ئالدى بىلەن نەسىللىك چارۋا فېرمىلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك نەسىللىك چارۋىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز لازىم. ئىشنى ھازىر بار بولغان نەسىللىك چارۋا فېرمىلىرىنى تەرتىپكە سېلىشتىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ جايلىشىشىنى تەڭشەپ، سانىنى ئازايتىشىمىز، ئالدى بىلەن نۇقتىلىق نەسىللىك چارۋا فېرمىلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋا نەسلى يېتىشتۈرۈش مەركىزىي پونكىتى بىلەن 6 ۋىلايەت ۋە ئوبلاستىكى ئىسپېرما توڭلىتىش پونكىتلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك نەسىللىك چارۋىلارنى كۆپەيتىش، يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش سىستېمىسىنى پەيدىن - پەي قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، جايلارنىڭ شەرت - شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش،

چارۋىلارنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىيات نىشانىسىنى بەلگىلەپ، كەسپلەشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش — زامانىۋىلاشقان چارۋىچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. ئاپتونوم رايونىمىز ئۆتكەندە «شىنجاڭدا چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشنى رايونلاشتۇرۇش نىزامى» (كۆپىيە) نى تۈزۈپ چىققان ئىدى. جايلارنىڭ ئۇنى سىناق تېرىقسىدا يولغا قويۇش نەتىجىسى ئۇنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، ئۇنى يولغا قويسا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن ئۇنى قانۇن شەكلى ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇش لازىم. جايلار رايونلاشتۇرۇش بەلگىلىمىسى ۋە تەلىۋى بويىچە ئۆز جايلىرىدىكى چارۋىلار ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىكى ياكى ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلماسلىقى لازىم.

## 3. چارۋىچىلىق ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنى ۋە مال دوختۇرلۇق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم

چارۋىچىلىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا، زامانىۋىلاشقان پەن - تېخنىكا ئاساس قىلىنىشى، زامانىۋىلاشقان چارۋىچىلىق ئىلمىنى ئىگىلىگەن زور بىر تۈركۈم مەخسۇس كەسپىي خادىملار بولۇشى كېرەك. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاجىز ھالقىلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا تېخى بۈگۈنگىچە چارۋىچىلىق ئىلمى ۋە چارۋا دوختۇرلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇستەقىل بىر ئورگان يوق. ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەچكە، ئۇ چارۋىچىلىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا تولىمۇ ماس كەلمەيدۇ. شىنجاڭ — مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق رايونى، چەتئەللەر ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ تەجرىبىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، چارۋىچىلىقنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، مۇستەقىل چارۋىچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورگىنى قۇرۇپ، ئۇنى چارۋىچىلىق، چارۋا دوختۇرلۇق، ئوتلاقچىلىق ساھەسىدىكى پەن تەتقىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىشىمىز لازىم. ھەر قايسى ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە، كۆڭشېلەردىكى چارۋىچىلىق، چارۋا دوختۇرلۇق پونكىتلىرى ۋە ئوتلاقچىلىق پونكىتلىرى تېخنىكا كېڭەيتىش ئورنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى چارۋىچىلىق، چارۋا دوختۇرلۇق، ئوتلاقچىلىققا دائىر يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. بىز ئىشلەپچىقىرىش، پەن - تەتقىقات بىلەن يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، چارۋىچىلىقتا تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىشىمىز لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز چارۋىچىلىق، چارۋا دوختۇرلۇق بويىچە تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈش - تەربىيەلەش ئىشىنى ئوبدان ئىشلىشىمىز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، (ئوبلاست)، ناھىيەدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بولۇپ نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يېقىنقى ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدە خىزمەتتىكى تېخنىك خادىملارنى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلىك چارۋا فېرمىلىرىدىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى كادىرلارنى ئومۇمىيۈزلۈك بىر نۆۋەت تەربىيەلەپ چىقىشىمىز، بىلىمنىڭ كونىراپ كېتىش مەسىلىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېز ھەل قىلىپ، چارۋىچىلىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشىمىز لازىم.

## 4. ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىم

غەربىي گېرمانىيەدە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كېتىدىغان مەبلەغنىڭ خېلى كۆپ قىسمى چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىش ئارقىلىق ئېلىنغان پايدىدىن كېلىدىكەن. لېكىن رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىقى بۈگۈنكى كۈنگىچە خام ئەشيا سېتىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلمەكتە. دېھقانلىرىمىز ۋە چارۋىچىلىرىمىزنىڭ چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئارقىلىق ئالىدىغان پايدىسى بەك ئاز، پايدىنىڭ كۆپ قىسمى ئارىلىقتىكى ھالقىلاردا قېلىۋاتىدۇ. چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى ئاز، تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ ۋە ئۇنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ شەرت - شارائىتىنى ياخشىلاش — كۆز ئالدىمىزدىكى ئەڭ جىددىي ئىش. لېكىن، مەبلەغنىڭ يېتىشمەسلىكى — بۇنىڭدىكى ئەڭ زور توسالغۇ. ھازىر دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى قىس بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، دۆلەتنىڭ زور مىقداردا مەبلەغ سېلىشىغا تايىنىش رېئال بولمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ھەمدە چارۋىچىلىق، سانائەت ۋە سودىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش يولىدا مېڭىش — چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇپ، جۇغلانمىنى كۆپەيتىشنىڭ ئاساسلىق يولى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆكتوقاي ناھىيەسىدە چارۋىچىلىق، سانائەت، سودا بىرلەشمە كارخانىسى قۇرۇش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سىناق ئوبدان بىر باشلىنىش بولدى. لېكىن ئۇنى ئوبدان باشقۇرۇش ئۈچۈن ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش، كارخانىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن

بىر ۋاقىتتا، شەرت — شارائىتى بار بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋا فېرمىلىرىدا ئۆلنى سىناق تېرىقسىدە قۇرۇش ۋە ئاكىپگەيتىش كېرەك، رەھبەرلىكى بولغان ھالدا بىرلىشىشكە پائال ۋە پۇختا ئۇيۇشتۇرۇش لازىم، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ دۆلەت پىلانىدىكى ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلىرىنى چەت جايلارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىشىغا ياكى باشقا تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلار بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش توختاملىرىنى تۈزۈپ پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىش ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشىغا يول قويۇش، سودا ئورۇنلىرى ئوتكەنكىدەك ھەممىنى ھەددىدىن تاشقىرى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىش لازىم.

## 5. چارۋىچىلىققا دائىر مۇناسىپ ئەمرى - پەرمان، نىزام، قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىش لازىم

چارۋىچىلىقى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بەزى دۆلەتلەر چارۋىچىلىقنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىر مۇنچە ئەمىر - پەرمان، نىزام ۋە قانۇن - بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىققان. ھازىر رايونىمىزدا بۇ خىزمەت ئەمدى باشلاندى، «ئوتلاق نىزامى»، «مال دوختۇرلۇق بويىچە ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش نىزامى»، «چارۋىلاردا بولىدىغان كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش نىزامى» قاتارلىقلارنىڭ دەسلەپكى كۆپىيىسى تۈزۈلۈپ، يوقۇرىنىڭ تەستىقلاپ بېرىشىگە سۇنۇلدى، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە چەتئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، باشقا جەھەتتىكى قانۇن - بەلگىلىمە ۋە ئەمرى - پەرمانلارنى تۈزۈپ چىقىش لازىم.

(بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى يولداش تۇر بايىر — ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى)

# ياپونىيىگە بېرىپ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈشتىن ھاسىل قىلغان بىر نەچچە تۈرلۈك تەسىراتىم

شىڭ گوجېڭ

شىنجاڭنىڭ ياپونىيىگە بېرىپ چارۋىچىلىقنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى 8 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائاۋىن رەئىسى يولداش جانابىلنىڭ باشچىلىقىدا، ياپونىيىنىڭ چارۋىلارنى تۇجۇپىلەپ بېقىش ئەھۋالىنى 22 كۈن تەكشۈردى ۋە ئۆگەندى. ھازىر چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ياپونىيىدىن ئىبارەت يېرى ئاز، نوپۇسى كۆپ بۇ كىچىك دۆلەتنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى قانداق راۋاجلاندۇرغانلىقى، بۇ جەھەتتە قانداق تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزەمنىڭ بەزى كۆز قاراشلىرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن:

## 1. ياپونىيە چارۋىچىلىقىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ياپونىيە 110 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە بىر كىچىك ئارال دۆلىتى ئىكەن، ئۇنىڭ ئومۇمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5 مىليون گېكتار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمى يەر كۆلىمىنىڭ 51 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىكەن. ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون گېكتار (مۇغا سۇندۇرغاندا 15 مىليون 800 نەچچە مىڭ مو)، ئورمان كۆلىمى 25 مىليون 300 مىڭ گېكتار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمى يەر كۆلىمىنىڭ 68 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىكەن. كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 0.7 مودىن تېرىلغۇ يەر، 1.14 مودىن ئوتلاق توغرا كېلىدىكەن. ياپونىيە چارۋىچىلىقتا، ئاساسلىغى، كالا، چوشقا ۋە توخۇ باقىدىكەن. ھازىر مەملىكەت بويىچە 4 مىليون 380 مىڭ تۇياق كالا (سېغىن بىلەن گۆش كالىسى تەڭ نىسبەتنى ئىگەللەيدىكەن)، 96 مىليون 990 مىڭ تۇياق چوشقا، 290 مىليوندىن ئارتۇق توخۇ (تۇخۇم ئېلىنىدىغان توخۇ 160 مىليون، گۆش توخۇسى 120 مىليون) بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئىنتايىن ئاز ساندا قوي ۋە ئاتمۇ بار ئىكەن.

ياپونىيىنىڭ گۆش، سۈت ۋە تۇخۇم ئومۇمىي مەھسۇلاتى مۇنداق ئىكەن: گۆش 2 مىليون 780 مىڭ توننىغا، سۈت مەھسۇلاتلىرى 6 مىليون 260 مىڭ توننىغا، توخۇ تۇخۇمى 1 مىليون 980 مىڭ توننىغا يېتىدىكەن.

ئۇرۇشتىن بۇرۇن، ياپونىيە يېزا ئىگىلىكى «چارۋىسىز يېزا ئىگىلىك» دەپ ئاتالغان دۆلەت ئىكەن. ئۇرۇشتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ياپونىيە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا زور ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە ئىستراتېگىيىلىك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپتۇ، 1945 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەۋرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپتۇ. بۇ 10 يىل ئىچىدە، ئۇلار «چارۋىغا ئىگە بولغان دېھقان ئائىلىلىرىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئالاھىدە تەدبىرلىرى توغرىسىدىكى قانۇن» نى تۈزۈپ چىققان. «قەرز پۇل بېرىپ كالا سېتىۋېلىش» تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كالا بېقىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ «كالىسى يوق دېھقان ئائىلىلىرى» نى تۈگەتكەن. 1956 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بولغان ۋاقىت ياپونىيە ئىگىلىكى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان مەزگىل بولغان، بۇ مەزگىلدە، ياپونىيىنىڭ كالا بېقىش ئىشلىرى ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئون يىللىق ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئۈچقانداق تېز تەرەققىي قىلغان، كالا باققۇچى ئائىلىلەر 1965 - يىلغا كەلگەندە تېزلىك بىلەن كۆپىيىپ 380 مىڭغا يەتكەن، 1955 - يىلدىكىگە قارىغاندا 130 مىڭ ئائىلە كۆپەيگەن، بۇ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقان مەزگىلدىكى ياپونىيىنىڭ سۈت ئىشلەپچىقىرىدىغان دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىغا باراۋەر كەلگەن، سىيىرنىڭ سانى بىر مىليون 280 نەچچە مىڭ تۇياققا يېتىپ، 10 يىل ئىچىدە يەنە بىر قاتلانغان، ئىشلەپچىقىرىلغان سۈت ئىككى قاتلىنىپ 3 مىليون 220 مىڭ توننىغا يەتكەن. بۇ مەزگىلدە ياپونىيە يەنە «يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قانۇنى» نى تۈزۈپ چىقىپ، كالا بېقىش ئىشلىرىنى ياپونىيە يېزا ئىگىلىكىدە كېڭەيتىلىدىغان تارماق قىلىشنى تەكىتلىگەن. 1961 - يىلنىڭ ئاخىرىدا يەنە «چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش قانۇنى» نى تۈزۈپ چىققان ۋە «چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى گۈللەندۈرۈش تەشكىلاتى» نى تەسىس قىلغان. 1965 - يىلغا كەلگەندە، چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش راسخوتىنى 4 مىليارت ياپونىيە دوللىرى كۆپەيتكەن.

1964 - يىلدىن بۇرۇن، ياپونىيىدە مەملىكەت بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرى كېلىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان: يەنى ئاشلىق 235.2 جىڭدىن، گۆش 1.8 جىڭدىن، توخۇ تۇخۇمى 8.5 دانىدىن؛ سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر 3.2 جىڭدىن توغرى كەلگەن. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا ياپونىيە خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئانچە باياشات ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1979 - يىلغا كەلگەندە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرى كېلىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان: يەنى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 300.

جىڭدىن ئاشلىق، 45 جىڭدىن گۆش، 58.8 دىن تۇخۇم، 123.8 جىڭ سۈتتىن ئىشلەتكەن يېمەكلىكلەر توغرى كەلگەن. يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 10 تىرىلليون 539 مىليارت ياپونىيە دوللىرى (بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 70 مىليارت 300 مىليون يۈەن بولىدۇ) غا يەتكەن. يېزا ئىگىلىك ئومۇمى كىرىمى 10 تىرىلليون 218 مىليارت 900 مىليون ياپونىيە دوللىرى (بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 34 مىليارت 800 مىليون يۈەن بولىدۇ) غا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگەللىگەن سالمىقى مۇنداق بولغان: يەنى ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە 4 پىرسەنت بولغان، 1958 - يىلى 13.5 پىرسەنتكە يەتكەن، 1977 - يىلغا كەلگەندە 27.5 پىرسەنتكە يەتكەن. 1981 - يىلى بولسا 30 پىرسەنتكە يەتكەن.

ياپونىيەدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر دىخان ئائىلىسىگە توغرى كېلىدىغان كىرىم 4 مىليون 420 مىڭ ياپونىيە دوللىرى (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 33 مىڭ 150 يۈەن بولىدۇ) ئىكەن، شەھەرلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 مىليون 910 مىڭ ياپونىيە دوللىرى (بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 29 مىڭ 325 يۈەن بولىدۇ) توغرى كېلىدىكەن، دىخانلارنىڭ كىرىمى شەھەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىدىن 13 پىرسەنت ئارتۇق ئىكەن.

ياپونىيىنىڭ چارۋىچىلىقى ئادىمى كۆپ، يېرى ئاز بولغان، ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيالىرى ۋە ئوتلاقلىرى كەمچىل بولغان شارائىت ئاستىدا، 20- يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تۇجۇپىلەش، كەسپىلىشىش، زاۋۇتلىشىش، ئىجتىمائىيلىشىش، ئەلا نەسىللىشىش، ماشىنىلىشىش سەۋىيىسىگە يەتكەن، چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇنداق دەرىجىگە يەتكەن: يەنى گۆش 80 پىرسەنتكە، سۈت مەھسۇلاتى 89 پىرسەنتكە، تۇخۇم 97 پىرسەنتكە يەتكەن. ياپونىيىگە ئوخشاش بايلىقى ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسى كەمچىل بولغان كاپىتالىستىك دۆلەت چارۋىچىلىقتا خۇسۇسى مۇلۇكچىلىكتىكى يەككە ئىگىلىك ئاساسىدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە تېز تەرەققىياتقا ئېرىشەلىدى؟ بۇنى بىرمۇنچە دۆلەتلەر تەتقىق قىلىۋاتىدۇ ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشىمىزمۇ مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلدى.

ياپونىيىنىڭ چارۋىچىلىقىنىڭ بۇنداق ئۇچقاندەك تېز تەرەققىياتقا ئىگە بولۇشىدا، ھۆكۈمەتنىڭ ياردەملىشىپ زور مىقداردا يەم - خەشەك، خام ئەشيا ۋە ئەرزان باھالىق ئېنېرگىيە ئەشيالىرىنى ئىمپورت قىلىپ بەرگەنلىكىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، پەن - تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلغانلىقى زور رول ئوينىغان.

## 2 . ياپونىيىنىڭ چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈشتىكى تەدبىرلىرى

( 1 ) ئەقلىي جەھەتكە سەرمايە سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، خەلق مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش. ياپونىيە مېيجى يېڭىلىق ياراتقان دەۋردىن بۇيان، خەلق مائارىپىنى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش قاتارىدا قويۇپ، ئىزچىل ھالدا چىڭ تۇتقان.

1912 - يىلىدىن باشلاپ خەلق مائارىپى تېز سۈرئەت بىلەن ئومۇملىشىپ، ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى 95 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇرۇشتىن كېيىن، ياپونىيە دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشنى مائارىپتىن باشلاش كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق، دەپ ھېساپلىغان. ئۇلار ياپونىيىنىڭ بايلىقى كەمچىل، بىز گۈللەندۈرۈشنى ئويلايدىكەنمىز، پەقەت مەدەنىيەت مائارىپتىن باشلاپ، كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئىلىملەشتۈرۈشىمىز، ئىلمىي كاللا ئارقىلىق ئۆزىمىز ئېھتىياجلىق بولغان ۋە ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمىزغا كېرەكلىك بولغان گۈللەپ - ياشناش ۋەزىيىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك، دەپ ھېساپلىغان. ئۇلار بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئىككى پۇت بىلەن يول مېڭىش چارىسىنى قوللانغان، ھۆكۈمەت ئۆز دۆلىتىدە پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلىگەندىن تاشقىرى، يەنە غەرپتىن ئۆگىنىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغان، تەكلىپ قىلىش، ئۆزى بېرىش چارىسىنى قوللىنىپ، پەن - تېخنىكا ساھەسىدە ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلەتكەن.

ئۇلار يەنە ھازىرقى زاماندىكى ئىقتىسادىي رىقابەت — ئىلىم - پەن رىقابىتىدۇر، ئىلىم - پەن رىقابىتى — مائارىپ رىقابىتىدۇر، پەقەت پەن - تېخنىكا ساھەسىدە زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق كىشىلەرگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى پايدا ئېلىپ، ئىقتىسادىي رىقابەتلىشىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. شۇڭا ياپونىيە 50 - يىللاردىن باشلاپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرغان، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەبىي پەن ئوقۇتۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەن، تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بولسا كەسپىي مائارىپ دەرسلىكىنى كۆپەيتكەن. باللار باغچىسى ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى ئىكەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمى پۇختا ئىكەن. ياپونىيىدە مەملىكەت بويىچە 16 يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مال دوختۇرلۇق ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 54 ى بار ئىكەن. يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىۋىدىن 280 نەچچىسى بار ئىكەن. ناھىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردىمۇ يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتەپلىرى بار ئىكەن، ياپونىيىدە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار دەرھال خىزمەتكە ئىگە بولالمايدىكەن،

ئوقۇغۇچىلار ئاساسىي قاتلاملارغا بىرىپ بىر – ئىككى يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، دۆلەت ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولۇپ چىقسا، ئاندىن رەسمىي خىزمەتچىلىككە قوبۇل قىلىنىدىكەن. ھازىر ياپونىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ساھەسىدە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 74.8 پىرسەنتىنى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 19.4 پىرسەنتىنى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 5.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. پەن – تېخنىكا خادىملىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش — ياپونىيىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش، مەھسۇلات جەھەتتە خەلقارا بازارلارنى ئىگىلەش، يۇقىرى پايدا ئېلىش ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ قۇدرىتىنى ئېشۇرۇشتىكى زور بىر ئىستراتېگىيىلىك سىياسىتى ئىكەن.

(2) ھۆكۈمەت ئۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ ياردەم بىرىپ، چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش. ياپونىيە ھۆكۈمىتى سۈت ئىشلەپچىقارغۇچى دېھقانلارنىڭ چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەن. بۇ، ياپونىيىنىڭ چارۋىچىلىقنى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىرى ئىكەن. ياپونىيە ھۆكۈمىتى سىياسەت جەھەتتە «چارۋىغا ئىگە بولغان يېزا ئىگىلىكى» نىڭ بولۇشىنى، «چارۋىلارنى كۆپ خىل شەكىلدە قوللىنىپ بېقىش» نى ۋە «چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى گۈللەندۈرۈش» نى تەشەببۇس قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە تاشقى تەشكىلات «يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق ئۇيۇشمىسى»، «يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى ئېچىش ئۇيۇشمىسى» قاتارلىق تەشكىلاتلار ۋە مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى يېزا ئىگىلىك تەجرىبە مەيدانلىرى ئارقىلىق ھەر خىل چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەجرىبە قىلىش ۋە كېڭەيتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ياپونىيە ئاپتوموبىل ۋە ئېلېكتر سانائىتىدىن پايدا ئالغان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا قوشۇمچە ياردەم بەرگەن، بەزىلەر: «ياپونىيىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقىنىڭ زامانىۋىلىشىشى پۇل بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان» دېيىشكەن. سانائەت ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ياپونىيە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەر خىل يوللار ئارقىلىق، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا مەبلەغ سالغان. ھۆكۈمەتنىڭ 50 – يىللاردىن باشلاپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا سالغان مەبلىغى خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 22 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. سۈت ئىشلەپچىقارغۇچى دېھقان ئائىلىلىرى زامانىۋىلاشقان ئۈسكۈنە سېتىۋالسا، ھۆكۈمەت ئۇلارغا 50 – 70 پىرسەنت مەبلەغ سالغان، ئۇ يېتىشمىگەندە، دېھقانلار جەمئىيىتى ئالاھىدە ئېتىۋار بىرىش يۈزىسىدىن تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بەرگەن.

دېھقانلار مۇددەتكە بولۇپ قايتۇرغان، بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت زىرائەت تېرىشقا نىسبەتەن ئىقتىسادىي جەھەتتە قىزىقتۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە ئىمپورت قىلىنغان يەم - بوغۇز ئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويغان. ھازىر گۈرۈچ ئوشۇقچىلىقى كېلىپ چىققان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سالغان مەبلىغى يەنىلا خەلق ئىگىلىكى ئومۇمى مەبلىغىنىڭ ٩ پىرسەنتىنى ئىگەللىگەن. ھۆكۈمەت بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، شال تېرىشنى بۇغداي تېرىشقا ئۆزگەرتكەنلەرگە ھەر گېكتار يەر ئۈچۈن 50 مىڭ ياپونىيە دوللىرىدىن 80 مىڭ ياپونىيە دوللىرىغىچە قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى بەلگىلىگەن.

ھۆكۈمەت چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان. مەسىلەن، بېيخەي ئۆلكىسىدە دۆلەت مەبلەغ سېلىپ كۆلىمى 50 گېكتار كېلىدىغان ئوتلاق بەرپا قىلغان، ئۇنىڭغا 50 سىيىر ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزگەن. بىر ئائىلىلىك سۈت ئىشلەپچىقىرىدىغان دېھقاننى قوبۇل قىلغان. بۇنىڭغا تەخمىنەن 200 مىليون ياپونىيە دوللىرىلىق مەبلەغ كەتكەن، بۇنىڭدىن 100 مىليون ياپونىيە دوللىرىنى دۆلەت ھەقسىز قوشۇپ بەرگەن؛ بېيخەي ۋىلايىتى 50 مىليون ياپونىيە دوللىرى بەرگەن، «سۈت ئىشلەپچىقارغۇچى» دېھقان 50 مىليون ياپونىيە دوللىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ھۆكۈمەت مۇشۇنداق ئۇسۇل قوللىنىپ، بىرمۇنچە شەھەر ئاھالىلىرىنى يېزىلارغا بېرىپ ماكانلىشىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرغان.

(3) پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش تورلىرىنى قۇرۇش. ياپونىيەدە ئەمەلدارلار بىلەن خەلق بىرلەشتۈرۈلگەن، پەن - تەتقىقات بىلەن كېڭەيتىش جىپسلاشتۇرۇلغان بىر يۈرۈش پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش تورلىرى بار ئىكەن. ياپونىيە ھۆكۈمىتى 1948 - يىلىلا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا تۇتۇشقا باشلىغان، ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشتا ئىككى مەقسىدى يەنى (1) دېھقانلارنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىنى قوبۇل قىلىپ ۋە قوللىنىپ، ئۆزى ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا ئۆز ئىگىلىكىنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇشىغا ياردەم بېرىش؛ (2) دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىش مەقسىدى بار ئىكەن.

«يېزا ئىگىلىكىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىش قانۇنى»غا ئاساسەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى ۋازارىتىدە ئومۇملاشتۇرۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش بۆلۈمى ۋە تۇرمۇشنى ياخشىلاش بۆلۈمى بار ئىكەن)، ئۇ مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىكەن. مەملىكەت بويىچە ٧ يېزا ئىگىلىك مەمۇرى ئىدارىسى، چوڭ رايون مەھكى-

مىسى، ئۆلكە ۋە ۋىلايەتنىڭ ھەممىسىدە ئومۇملاشتۇرۇش بولۇملىرى بار ئىكەن، شەھەر ۋە ناھىيىلەردە ئومۇملاشتۇرۇش ئورۇنلىرى بار ئىكەن. مەملىكەت بويىچە ئومۇملاشتۇرۇش ئورنىدىن جەمئىي 635 ى بولۇپ، ھەر بىر ئومۇملاشتۇرۇش ئورنىدا 18 دىن ئادەم بار ئىكەن. ئومۇملاشتۇرۇش ئورۇنلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاپتوموبىل، ئۈن ئالغۇ، رەسىم تارتىش ئاپپاراتى ۋە رەسىم قويۇلىدىغۇچ قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشكە، شۇنىڭدەك تۇپراق، ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇز قاتارلىقلارنى ئانالىز قىلىش، ئۆسۈملۈكلەردە بولىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارغا دىئاگنوز قويۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى ماشىنىلارنى ئىشلىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغانلار بار ئىكەن. يۇقۇرىدىكىلەر ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان بىر يۈرۈش ئومۇملاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، دېھقانلار جەمئىيەتلىرىدە يەنە بىر يۈرۈش ئومۇملاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلاردا «دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكچىلىك قىلغۇچىلار» (دېھقانلار جەمئىيەتلىرى ياللاپ ئىشلىتىدىغانلار) بار ئىكەن. ئۇلار شۇ جايدىكى دېھقانلار ئارىسىدىن تاللاپ قوبۇل قىلىنغان تەجرىبىلىك يەرلىك مۇتەخەسسىسلەر ئىكەن. مەملىكەت بويىچە «دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكچىلىك قىلغۇچىلار» دىن 20 مىڭ 215 ى بولۇپ، دېھقانلار جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەر بىرىگە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 3 تىن 9 غىچە توغرا كېلىدىكەن. ئۇلار تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاشقىمۇ ياردەم بېرىپ، پەن - تېخنىكا بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخىمۇ زىچ بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ياپونىيىدە ئوي ھايۋانلىرىنى داۋالاش ئورنىدىن 202 سى، كۆلىمى چوڭراق بولغان پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرىدىن 20 سى بار ئىكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنىدىن 2 سى بار ئىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەركەز بىلەن جايلار ھەرخىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، تېخنىكا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىكەن ۋە ئىلغار تېخنىكىنى قوللىنىشقا ئىلھاملاندۇرىدىكەن. دائىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋە پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن، پەن - تېخنىكىغا ئائىت كىتاپ - ژورناللار، تەتقىقات مەلۇماتلىرى ۋە پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلغان كىتاپلار نەشر قىلىنىپ تۇرىدىكەن ۋە ئەڭ يېڭى تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر چىڭ تۇتۇلىدىكەن. پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى يېتىشتۈرۈلگەن سورتلارنى تەكشۈرۈپ، باھالاپ سىناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەلا سورتلارغا «شال تېرىقچىلىقىدا ياپونىيە بويىچە بىرىنچى»، «يېزا ئىگىلىكىدە ياپونىيە بويىچە بىرىنچى»، «بىرىنچى دەرىجىلىك چوچقا» دېگەن ناملارنى بېرىدىكەن، ئاندىن ئالاھىدە باھا بېكىتىپ چىقىپ، ئەلا سورت يېتىشتۈرگۈچىلەرگە ماددىي مۇكاپات تارقىتىدىكەن.

(4) پەن تەتقىقات سىستېمىسىنى ۋە پەن - تېخنىكا قوشۇنىنى كېڭەيتىش ۋە

مۇكەممەللەشتۈرۈش. ياپونىيىدە پەن - تەتقىقات ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئىكەن، ھۆكۈمەت پەن - تەتقىقات ئىشلىرىنى دۆلەتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشى قاتارىدا تۇتىدىكەن، بارلىق راسخوت پەن - تەتقىقات راسخوتىغا ئورۇن بېرىدىكەن. ياپونىيىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي خامچوتى 3 تىرىليون ياپونىيە دوللىرىدىن 4 تىرىليون ياپونىيە دوللىرىغىچە بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلىم - پەن شەھىرى جۇبوغىلا سېلىنىدىغان مەبلەغ 15 مىليارت ياپونىيە دوللىرىغا يېتىدىكەن، بۇ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ تەخمىنەن 5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنىغا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارت 300 مىليون ياپونىيە دوللىرىغا يېتىدىكەن.

ياپونىيىنىڭ دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق پەنلىرىنى تەتقىق قىلىش ئاپپاراتلىرى ھۆكۈمەت تەرەپ، ئالىي مەكتەپلەر ۋە خەلقتىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، پەن - تەتقىقات خادىملىرى جەمئىي 18 مىڭ 400 لەچچىسى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغانلار 3 مىڭ 451 كىشى، ئالىي مەكتەپلەر باشقۇرىدىغانلار 4 مىڭ 943 كىشى، خەلق باشقۇرىدىغانلار 4 مىڭ 800 كىشى ئىكەن. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان پەن - تەتقىقاتنىڭ ۋەزىپىسى تەتبىقلىنىدىغان ئىلىم - پەنلەرنى تەتقىق قىلىش ئىكەن، ئالىي مەكتەپلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان پەن - تەتقىقاتنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسىي نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىش ئىكەن، خەلق باشقۇرىدىغان پەن - تەتقىقاتنىڭ ۋەزىپىسى بولسا خىمىيىۋى ئوغۇت، دېخانچىلىق ماشىنىلىرى، ئۇرۇقلۇق ۋە يەم - خەشەكلەرنى ئىشلىتىش قاتارلىق كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەن.

(5) ئەلا نەسىللىك چارۋىلارنى كىرگۈزۈش ۋە يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش؛

ياپونىيە ئەلا نەسىللىك چارۋىلارنى كىرگۈزۈش ۋە يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە، ياپونىيىنىڭ چارۋىچىلىقى نەسىللىك چارۋا كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن، ئۇرۇشتىن بۇرۇن ساقلاپ قېلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىمۇ تۆۋەن بولغان، بەلكى چارۋىنىڭ نەسلى ئارىلىشىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن. ياپونىيە ئەلا نەسىللەردىن پايدىلىنىپ، نەسىللىك چارۋا يېتىشمەسلىكتەك يېتەرسىزلىكنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۈزلۈكسىز ھالدا ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن نەسىللىك چارۋا، نەسىللىك ئۇيى قوشلىرىنى ئىمپورت قىلغان، ھەر يىلى بىرنەچچە يۈز تۇياق، ھەتتا مىڭ نەچچە تۇياق ئەلا نەسىللىك چارۋا ئىمپورت قىلغان. 1979 - يىلى سۈتلۈك سىيىردىن 1 مىڭ 546 تۇياق، 1980 - يىلى 616 تۇياق، 1981 - يىلى 331 تۇياق ئىمپورت قىلغان، گۆشلۈك نەسىللىك كالىلارنىمۇ ئىمپورت قىلغان، مەسىلەن، 1979 - يىلى 302 تۇياق، 1980 - يىلى 331 تۇياق، 1981 - يىلى 461 تۇياق ئىمپورت قىلغان. ياپونىيىدىكى چوڭ رايون مەھكىمىسى، ئۆلكە، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە بىردىن ئىككىگىچە نەسىللىك چارۋا

پونكىتى بار ئىكەن، بىپىخەي ئۆلكىسىدىلا خەلق باشقۇرىدىغان كولىمى خېلى چوڭ بولغان نەسىللىك چارۋا مەركىزىدىن 35 ى بار ئىكەن. دىخانلار ئۆزلىرى ئەلا نەسىللىك چارۋىلارنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزى پۇل خەجلەپ چەتئەللەرگە چىقىپ ئەلا نەسىللىك چارۋىلارنى تېپىپ كېلىدىكەن. مەسىلەن، جۇڭگوغا ئۇدا بىرنەچچە قېتىم نەسىللىك بۇقا تەقدىم قىلغان فېرما باشلىقى تاڭ چىيەنجۇڭفۇ ئەنە شۇنداق ئادەم ئىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ياپونىيە چەتئەللەرنىڭ ئەلا نەسىللىك سورتلىرىنى كۆپلەپ ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا چارۋا ۋە قۇشلارنىڭ تۈرلىرىنى تىزىملاپ، ئۇلارنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى ۋە ئالاھىدىلىكىنى باھالاپ چىققان. بۇنىڭغا ئاساسەن ھەرخىل نەسىل - سورتلارنى ئۆز - ئارا شالغۇتلاشتۇرۇپ، كۆپىيىش ئىقتىدارى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان شالغۇتلاشتۇرۇلغان چارۋىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرگەن ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرغان.

ھازىر ياپونىيە توڭلىتىلغان ئىسپېرما ئارقىلىق چارۋىلارنى سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن نەسىللەندۈرۈپ چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاۋاتىدۇ. كۆپەيتىش تېخنىكىسى — ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل. شۇڭا، ياپونىيە 1950 - يىللا ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاپ، ئۇنى كۆپەيتىش قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ، سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن ئىسپېرما ئېلىش ۋە ئۇنى ساقلاش، سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن ئورۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرغان. 1970 - يىلى توڭلىتىلغان ئىسپېرما ئارقىلىق سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن نەسىللەندۈرۈشنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 80 پىرسەنتكە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە سىيىر بىلەن گوش كالىسىنىڭ سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن نەسىللەندۈرۈلۈش نىسبىتى 99 پىرسەنتكە يەتكەن. سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن نەسىللەندۈرۈش ۋە ئىسپېرمىنى توڭلىتىش چارىسىنى كېڭەيتىش، تەتبىق قىلىش ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىنى ۋە تۇغۇش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى نەسىللىك چارۋىلارنى تېجەش، ئەلا نەسلىنى كېڭەيتىش، ئۆزىنىڭ تەننەرقىنى تۆۋەنلىتىش ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. ئەسلىدە تەبىئىي ئورۇقلاندۇرۇلغان سىيىر ھەر يىلى ئاران 2 مىڭ 700 كىلوگرام سۈت بەرگەن، نەسىللىك بۇقىنىڭ مۇزلىتىلغان ئىسپېرمىسى بىلەن سۈنئىي ئۇسۇل ئارقىلىق نەسىللەندۈرۈلۈپ يېتىشتۈرۈلگەن سىيىرلار ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 6 مىڭ كىلوگرام سۈت بەرگەن، ئايرىم سىيىرلار ھەر يىلى 11 مىڭ كىلوگرام سۈت بەرگەن.

ياپونىيەدە ئەلا نەسىللىك چارۋىلارنىڭ شۇنداق تېز كۆپىيىشىدىكى سەۋەپ شۇكى، ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان تېخنىكا - تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن باشقا، يەنە چارۋىلاردا بولىدىغان كېسەللىكلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورناتقان.

( 5 ) زامانىۋىلاشقان سانائەت ماشىنىلىرى بىلەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى قوراللاندۇرۇپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش. ياپونىيەدە ئۇرۇش يىللىرىدا زور بىر تۈركۈم ياشلار مەجبۇرى ھالدا ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ كەتكەچكە، ئۇرۇشتىن كېيىن يېزىلاردا ئەمگەك كۈچى ئىنتايىن كەمچىل بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، نۇرغۇن يېزا ئاھالىسى شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرگەن، شۇڭا يېزىلاردا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش — چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالغان. ياپونىيەدە سانائەتنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىشى ۋەتەرەققىي قىلىشى بىلەن، پۈتكۈل سانائەت قۇرۇلمىسىدا ئېغىر سانائەت ئاساس قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چارۋىچىلىقرا يونىلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش كۈچەيتىلگەن. بولۇپمۇ چاۋشيەن ئۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ھەربى ئىشلارغا لازىمەتلىك ماددى ئەشيا ۋە تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلىشنىڭ ئۇچقاندەك كۆپىيىشى ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئىنتايىن زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. 1955 - يىلدىن بۇرۇن، ياپونىيىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋازارىتى «يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق ئىشلىرىنى كۈللەندۈرۈش جەمئىيىتى» نى قۇرغان، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ياپونىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان، بۇ تەدبىر يولغا قويۇلۇپ ياپونىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يېڭى يۈكسىلىش مەيدانغا كەلگەن، ئوتتۇرىدا ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىپ كەلگەن چارۋىلارنى «يەككە ھالدا بېقىش»، ئۆزگەرتىلىپ «پادا بويىچە بېقىش» قا قاراپ تەرەققىي قىلغان. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بېيخەي ئۆلكىسىدە بىر ئائىلىلىك «سۈت ئىشلەپچىقارغۇچى دېھقان» 2 تۇياقتىن 4 تۇياقىچە كالا باققان، ئەمگەك كۈچى تولۇق بولغان دېھقان ئائىلىلىرى ئەڭ كۆپ دېگەندە ئاران 15 تۇياق كالا باقالىغان؛ ئەڭ كۆپ دېگەندە 10 گېكتار ئەتراپىدا يەر تېرىغان. ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، «ئات بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش» نىڭ ئورنىنى تراكتور بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئىگەللىگەن، بەزى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كېڭىيىپ 50 گېكتاردىن 100 گېكتارغىچە يەتكەن، ئۇلارنىڭ باققان چارۋىسىمۇ 50 تۇياقتىن 100 تۇياققىچە يەتكەن.

ھازىر ياپونىيىنىڭ ئادەتتىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوت - چۆپ ساقلاش مۇنارلىرى، چارۋىلارغا يەم - خەشەكنى ئاپتوماتىك ھالدا يەتكۈزۈپ بېرىش ماشىنىسى، چارۋىلارنىڭ قىغ، سۈيدۈكلىرىنى ئاپتوماتىك ھالدا تازىلاش ماشىنىسى، سۈت سېغىش ماشىنىسى بار ئىكەن، دېھقانچىلىق - تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇرۇق سېپىش، زىرائەتلەرنى ئورۇش - يىغىش ۋە ئوت ئوتاش سايمىنى قاتارلىق يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن سايمانلار بار ئىكەن، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا

ئىشلىتىلىدىغان تىراكتورلاردىمۇ ئورۇش، قۇرۇتۇش، يىغىش، باغلاش سايمىنى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنى ئىشلىتىش ئىنتايىن ئاسان ئىكەن.

ياپونىيىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغاندىن باشقا، ھەر يىلى يەنە ئامېرىكا، دانىيە، غەربىي گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيىلەردىن ئىمپورت قىلىنىدىكەن. بۇ ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ كەتكەچكە، ئۇنى يەككە دېھقانلار سېتىۋالالمايدىكەن. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ھۆكۈمەت بىر قانچە دېھقان ئائىلىسىنىڭ بىرلىشىپ ئىشلىتىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ئۇلارغا بىرىنچى قېتىم مۇشۇنداق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىۋالغاندا، كېتىدىغان خىراجەتنىڭ يېرىمىنى ياكى ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تولۇقلاپ بېرىشنى، تۆتتىن بىر قىسمىنى شۇ جايدىكى يېزا - كەنتلەر تولۇقلاپ بېرىشنى بەلگىلىگەن. ئەمەلىيەتتە، دېھقانلار تۆتتىن بىر قىسمىنىلا ئۆز ئۈستىگە ئالىدىكەن. ئىگىلىك كولەمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان ماشىنا - سايمانلارنى سېتىۋېلىشقا كېتىدىغان مەبلەغنى ھەل قىلىشتىمۇ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان چارە قوللىنىلىدىكەن. ياپونىيىدە ماشىنىلىشىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆسكەن، مەسىلەن: جيۇجۇدا فېن ناھىيىسىنىڭ چوچقىچىلىق فېرمىسى چوچقا بېقىشنى ماشىنىلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، جەمئى 3 مىڭ 800 چوچقىنى پەقەت 8 ئادەملا باقىدىكەن، چوچقىلار ئالتە ئايدا تەييار بولىدىكەن، بۇ چوچقىلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 120 كىلوگرام كېلىدىكەن.

بىز يەنە چارۋىچىلىق پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ تەجرىبە قىلىپ توخۇ بېقىش فېرمىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ فېرمىدا پەقەت 3 ئادەم 16 مىڭ توخۇنى باقىدىكەن. يەم بېرىش، سۇغۇرۇش، تۇخۇم يىغىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاپتوماتلاشتۇرۇلۇپتۇ، ھەر بىر تۇخۇمنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى ئېلېكتىرونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى بىلەن خاتىرىلىنىپ تۇرىدىكەن.

(7) قانۇن تۈزۈش ئارقىلىق دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش. ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئائىت فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئادەتتە قانۇن، ئەمىر - پەرمان ئېلان قىلىشقا تايىنىپ ئىجرا قىلىنىدىكەن، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ تەرەققىياتى قانۇن ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىدىكەن. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنغان.

ياپونىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت قانۇن - نىزاملىرى 70 خىلغا يېتىدىكەن. مەسىلەن: يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قانۇنى، زىرائەت ئۇرۇقى قانۇنى، تېرىلغۇ يەرلەرنى مۇنبەتلەشتۈرۈش قانۇنى، يېزا ئىگىلىكىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىش قانۇنى، يېزا ئىگىلى-

ئېگە كېتىدىغان مەبلەغلەرنى ياردەم قىلىش قانۇنى، ئوغۇت باشقۇرۇش قانۇنى، دورا باشقۇرۇش قانۇنى، ماشىنىلاشتۇرۇش قانۇنى، ئورمان قانۇنى، سۈت ئىشلەپچىقارغۇچى دېخانلارنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش قانۇنى، توخۇچىلىقنى گۈللەندۈرۈش قانۇنى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى، مال دوختۇرلۇق قانۇنى، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش قانۇنى قاتارلىقلار بار ئىكەن.

بۇ قانۇنلارنىڭ بەزىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر تۈپ ۋاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پىلاندا يەتمەكچى بولغان نىشانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن، بەزىلىرى مەلۇم جەھەتكە قارىتىپ بەلگىلىنىدىغان مەخسۇس قانۇن - نىزام ۋە كەسپىي يولغا قويۇش پىروگراممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن؛ بەزىلىرى بولسا مۇھىم كەسىپلەرنىڭ پەن تەتقىقات، تېخنىكا يېڭىلاش ۋە ئۇلارنى كېڭەيتىش خىزمىتى جەھەتتە يولغا قويىدىغان ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. قانۇننىڭ ئۆزىدە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ۋاڭجېن، سىياسەت ۋە پىرىنسىپلىرى كونكرېت بەلگىلەنگەندىن تاشقىرى، مۇشۇ ۋاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتىكى پەن - تېخنىكا ۋەزىپىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى زورۇر تەدبىرلەر ۋاستىلىق ياكى بىۋاستە ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىكەن. ھەر بىر پەن - تېخنىكا ئورنى مۇشۇ قانۇنلارغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ پەن - تېخنىكا پىلانى ۋە شياڭمۇلىرىنى تۈزۈپ چىقىدىكەن. تەتقىقات تېمىلىرىنى تەتقىق قىلىشنى باشقۇرغۇچى ئادەم تەتقىق قىلىشنى مەلۇم بىر قانۇننى ئىجرا قىلىۋاتىمەن، دەپ ھېساپلايدىكەن. شۇڭا ئۇ ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىغا ۋە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشىگە ئېرىشەلەيدىكەن. ھەر قايسى پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ئەسلىدىكى راسخوتىدىن باشقا، يەنە چوڭ شياڭمۇلارغا تۇتۇش قىلىنغاندا، ئايرىم خامچوت تۈزۈپ چىقىپ راسخوت ئالالايدىكەن. ئالىي مەكتەپلەر ۋە خەلق باشقۇرغان پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ خامچوتىدىن پۇلغا ۋە قوشۇمچە ياردەمگە ئىگە بولالايدىكەن. تەتقىق قىلىنىدىغان تېمىنىڭ ئورۇنلىنىش ۋاقتى، سۈپىتى، ئۆلچىمى، مۇمكىنچىلىكى ۋە ئىشەنچلىكلىكى جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويۇلىدىكەن، ئۇلارنىڭ نەتىجىسى ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلىدىكەن ۋە سىناپ كۆرۈلىدىكەن، شۇنداق بولغاچقا، نەتىجە ئۈستىدە تەجرىبە ئۆتكۈزۈش، ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشەلەيدىكەن؛ ھۆكۈمەتنىڭ يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى قوغداش سىياسىتىمۇ بار ئىكەن. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنى بەلگىلەپ چىقىلغان باھا بويىچە ساتقاندا كۆرۈلگەن زىياننى ھۆكۈمەت تولۇقلاپ بېرىدىكەن. ئۇلار، قانۇن پارلامېنتتا تۈزۈپ چىقىلغان، كابىنېتنىڭ باش ۋەزىرى ئالماشتۇرۇلسىمۇ، ئۇلار ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇ يەنىلا داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدۇ، دەپ ھېساپلايدىكەن.

(8) خەلق تەشكىلاتى — دېخانلار جەمئىيىتىنىڭ زور رولىغا تايىنىش. ياپونىيىدىكى

«دېخانلار جەمئىيىتى» دەسلەپتە بىر نەچچە ئوخشاش دېخان ئائىلىسى ئۆزلىگىدىن بىرلىشىپ ئىگىلىك باشقۇرغان دېخانچىلىق ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئىكەن، كېيىن ئۇ تەشكىلات ھوكۇمەتنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن ھەمدە ھوكۇمەت ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. ھازىر دېخانلار جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتقا ئايلانغان، 99 پىرسەنت دېخان ئائىلىسى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان. ئۇ ياپونىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى كەسپلەشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ باشقۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان ھەمدە بىۋاستە ھالدا دېخان ئائىلىلىرى ئۈچۈن ئىش قىلىپ بېرىپ، دېخان ئائىلىلىرىنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشكەن.

«دېخانلار جەمئىيىتى» نىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دېخان ئائىلىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەملىشىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى بىر تۇتاش سېتىش، ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېخانلار جەمئىيىتى ئۆز مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، شەھەر، يېزىلاردا زاۋۇت قۇرۇپ، چوڭ تىپتىكى دېخانچىلىق سايمانلىرى، ئىستانوك، ترانسپورت قوراللىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىكەن، دوختۇرخانا قاتارلىق ئومۇمىي خاراكتېرلىك مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى باشقۇرىدىكەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، تېخنىكا ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ بېسىش، قەرەللىك ھالدا ئاخبارات ئېلان قىلىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللەش ۋە يېزا ئىگىلىگىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينايدىكەن.

«دېخانلار جەمئىيىتى» نىڭ تەشكىللىشى ۋە رەھبەرلىكىدە، دېخان ئائىلىلىرى مەبلەغ سېلىپ ھەرخىل پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپتۇ. بىز ئۆزىمىز سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇدى، گوشكە بىرلىشىپ ئىش قوشۇش زاۋۇدى، توخۇ گوشىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇدى، يەم - خەشەككە ئىش قوشۇش زاۋۇدى، ئۈزۈم ھارىقى زاۋۇدى، تىرىك چارۋا بازىرى قاتارلىق ئورۇنلارنى بىۋاستە كۆزدىن كەچۈردۇق. شىشىگىدا سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىر زاۋۇت بولۇپ، ئۇ ياپونىيە بويىچە ئەڭ چوڭ زاۋۇت ئىكەن، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى ياپونىيىنىڭ ھەممە جايلىرىدا سېتىلىدىكەن. قىسقىسى، ياپونىيىدە «دېخانلار جەمئىيىتى» نىڭ ياردىمى ئاستىدا، چارۋىچىلىق، ساناھەت، سودا ھەققىتەن بىر گەۋدە قىلىنىپتۇ، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش يۈرۈشلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى بىلەن سېتىش ئورۇنلىرى بىۋاستە يۈز كۆرۈشتۈرۈلگەنلىكتىن، مەھسۇلاتلارنىڭ ئوبوروت قىلىنىشى ناھايىتى راۋان ئىكەن. دېخان ئائىلىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە غەم - غۇسسىسى يوق ئىكەن.

(9) زامانىۋىلاشقان قاتناش - ترانسپورت ئارقىلىق دېخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ

تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش. ياپونىيە بىر ئۆزۈلچاق ئارال دۆلىتى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭغا قاتناش - ترانسپورت جەھەتتە ئىنتايىن زور قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن. ئۇنىڭ دېڭىز ياقىلىرىدا پاراخوت - كېمە بىلەن توشۇش ئەپلىك بولغاندىن تاشقىرى، ئۇ يەردە يەنە تۆمۈر يول ۋە تېز سۈرئەت بىلەن قاتنىغىلى بولىدىغان تاشيول ياسىلىپ، خېلى مۇكەممەل قاتناش - ترانسپورت تورى ھاسىل قىلىنغان، بۇ، سانائەت، دېخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ ترانسپورتقا بولغان ئېھتىياجىنى يېتەرلىك قاتناش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىن ئەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئاساسلىق سانائەت، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەركەزلىرى دېڭىز ياقىلىرى ۋە تۆمۈر يول، تاشيول بويلىرىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئاز مەبلەغ سەرپ قىلىپ بىرمۇنچە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى بىر - بىرىگە زىچ باغلاپ، سانائەت، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تاۋار ئوبوروتىنى ئالاھىدە راۋانلاشتۇرغىلى، ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن سېتىۋالغۇچىلارنى ئىنتايىن ئۇز ۋاقىتتا يۈز كۆرۈشتۈرگىلى بولىدىكەن. شىمالدىكى بېيخەي ئارىلىدىن جەنۇبتىكى جىيۇجۇغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سانائەت، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى چۈشتىن كېيىن پويىزغا قاچىلاپ، ئىككىنچى كۈنى سەھەردە دۇڭجىڭ بازىرىدىكى ئىستىمالچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگىلى بولىدىكەن، بۇ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، بازارلارنى جانلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىكەن.

(10) خەلقنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش. ياپونىيەدە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئىستىمال قىلىشنىڭ ئېشىپ بېرىشى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن، ياپونىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆسكەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش بولغان، غەربچە تاماق يەيدىغانلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن، بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن. يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان، ياپونىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تېز ئۆسكەن، ياپونىيە ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگە ئوخشاش يۇقۇرى ئىش ھەققى بېرىش، يۇقۇرى دەرىجىدە ئىستىمال قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان، كىشىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئىگىلىك يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان مەزگىلدە، ھەر يىلى 15 پىرسەنتتىن ئېشىپ بارغان. 1960 - يىلدىن باشلاپ، ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 25 پىرسەنت چامىسىغا يەتكەن، يەنى 3 يىلدىن 5 يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە بىر ھەسسە ئاشقان. مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى بولسا 10 پىرسەنت ئەتراپىدا كونترول قىلىنغان. كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تۇرار جاي ۋە قاتناش خىراجىتى يۇقۇرى بولسىمۇ، گۆش، سۈت، تۇخۇم قاتارلىق ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى ھەر يىلى پەقەت 5 - 6 پىرسەنتلا

ئېشىپ بارغان، بۇنىڭ ئىچىدە كالا سۈتى، تۇخۇم ۋە توخۇ گۆشىنىڭ باھاسى ئىنتايىن ئەرزان ئىكەن. مەسىلەن: دۇكانلاردا بىر شىشە (200 گىرام) كالا سۈتىنىڭ توپ سېتىش باھاسى 4.38 ياپونىيە دوللىرى ئىكەن، پارچە سېتىش باھاسى 56 ياپونىيە دوللىرى ئىكەن، بىر كىلوگىرام تۇخۇمنىڭ توپ سېتىش باھاسى 243 ياپونىيە دوللىرى، پارچە سېتىش باھاسى 314 ياپونىيە دوللىرى ئىكەن، بىر كىلوگىرام توخۇ گۆشىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 280 ياپونىيە دوللىرى ئىكەن، بۇلارنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا، بىر شىشە كالا سۈتىنىڭ باھاسى 0.25 يۈەندىن 0.40 يۈەنگىچە ئىكەن. بىر كىلوگىرام تۇخۇمنىڭ باھاسى 1.80 يۈەندىن 2.03 يۈەنگىچە ئىكەن. بىر كىلوگىرام توخۇ گۆشىنىڭ باھاسى 2.00 يۈەن ئىكەن، بۇ نەرسىلەرنىڭ باھاسى ئاساسىي جەھەتتىن دۆلىتىمىزنىڭ بازار باھاسى بىلەن ئوخشاشكەن. ياپونىيە خەلقىنىڭ ئىش ھەققى دۆلىتىمىزنىڭكىدىن 20 ھەسسە يۇقىرى (ياپونىيىدە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 90 مىڭ ياپونىيە دوللىرى بولۇپ، بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 670 يۈەن بولىدۇ، دۆلىتىمىز بولسا تەخمىنەن 35 يۈەن ئەتراپىدا) ئىكەن. بۇنداق تۇرمۇش سەۋىيىسى ياپونىيىنىڭ «يېمەك - ئىچمەك تۇرمۇشى»نى تەبىئىي ھالدا سۈت، گۆش، تۇخۇم ئىستېمال قىلىش تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

ياپونىيىدە يېمەك - ئىچمەك قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى پۈتكۈل خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى ئاشۇرغان. 1945 - يىلدىن بۇرۇن، ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ئۆسۈش كۆرسەتكۈچى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 105 - 108 بولغان بولسا، ئۇرۇشتىن كېيىن، 1969 - يىلغا كەلگەندە 106 - 115 كە يەتكەن. ئۇرۇشتىن كېيىن، ياپونىيىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بويى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا 12 سانتىمېتىر ئاشقان، «3 پارچە دۇخۇ»، «5 ئەزاسى قىسقا»، «چايدان پۇت» دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەر روشەن ھالدا ئازايغان. كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ بارغان، ئۆمرى ئۇزارغان. ھازىر ياپونىيىدە ئەرلەر ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 73.4 ياش ئۆمۈر كۆرىدىغان، ئاياللار 78.8 ياش ئۆمۈر كۆرىدىغان بولغان. بۇ سان ياپونىيە خەلقىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ياپونىيە قىسقىغىنە 20 نەچچە يىل ۋاقىت ئىچىدە، ئەسلىدىكى «يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ» ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى سەۋىيىگە يەتكەن (1982 - يىلى سىيىر 2 مىليون 100 مىڭ تۇياققا، گۆش كالىسى 2 مىليون 280 مىڭ تۇياققا، چوشقا 10 مىليون تۇياققا، تۇخۇم توخۇسى 160 مىليونغا، گۆش توخۇسى 130 مىليونغا يەتكەن)، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى خېلى زور بولغان. جۇڭگودا 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان قامۇس

يىلنامىسىدا ئېلان قىلىنغان سانغا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىزدە نەسىللىك ۋە نەسلى ياخشىلانغان سىيىر (تاغىل سىيىر) 550 مىڭغا يەتكەن. بۇ، ياپونىيىنىڭ نەسىللىك سىيىرلىرىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭدا نەسىللىك ۋە نەسلى ياخشىلانغان سىيىر ئاران 43 مىڭغا يېتىدۇ.

ياپونىيىنىڭ 4 مىليون 940 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر، 550 مىڭ گېكتار ئوتلاققا ئىگە بولغان بۇ زېمىنىدا (370 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەر ئاساسەن چارۋا بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يەم - خەشەك تېرىلىدىغان يەر) چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ مۇشۇنداق سەۋىيىگە يەتكۈزەلىشىدە، ئاساسلىقى، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇنى ئۇنىڭ ئىلمىي يول بىلەن چارۋا بېقىش ئۇسۇلىنى ۋە ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## 3. بىر نەچچە تۈرلۈك ئىلھام

22 كۈنلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق، بىر ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقنىڭ يېمەكلىك تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئاساس قىلىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تازا چىڭ تۇتقانلىقىنى نوۋەتتىكى خەلقارا بازارلاردىكى رىقابەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ھەممە نەرسىنى ئايىماي، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى چۆرىدەپ تۈزۈپ چىققان قانۇنلىرى ۋە يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە قۇرغان بىر يۈرۈش مۇكەممەل پەن تەتقىقات سىستېمىلىرى ۋە چارۋا بېقىش ئۇسۇللىرى، باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ بىزدە قالدۇرغان تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولدى، بىزگە بەرگەن ئىلھامى ناھايىتى چوڭ بولدى.

ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئۇسۇلى ئىچىدە بىزنىڭ ئۆلگە ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان جايلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. لېكىن، ئىككى دۆلەتنىڭ تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇنى شۇ بويىچە كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، بىراق ئۇلارنىڭ بەزى ياخشى تەجرىبىلىرىنى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز ۋە قوللىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، چارۋا بېقىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ماشىنىلاشتۇرۇش ھازىر تېخى قىيىنغا چۈشىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ چارۋا بېقىش قانۇنىنى چىقىرىش، ئەلا سورتلارنى كىرگۈزۈش، ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك مەنبەسىنى كېڭەيتىش، يېشىل ئوت - چۆپ ساقلاشنى ئومۇملاشتۇرۇش، «چەتئەللەرگە بېرىپ كۆرۈپ كېلىش ۋە چەت ئەللەردىن تەكلىپ قىلىش» شەكلىنى قوللىنىپ ئىختىساسلىق كىشىلەرنى زور

كۆچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، پەن تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش، چارۋا بېقىش قوشۇلىنى زورايتىش قاتارلىق تەجرىبىلىرى بىزنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە ئۆلگە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى ياپونىيىنىڭكىدىن كۆپ ياخشى، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، بىپايان تەبىئىي ئوتلاقلىرى بار. ئىلمىي ئۇسۇلدا چارۋا بېقىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، كونا ئادەت كۈچلىرىنى تۈگىتىپ، نەسىل - سورتلارنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئوت - چۆپ ۋە يەم - خەشەك بازىلىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ياز پەسلىدىكى كۆك ئوت - چۆپ كۆپ بولغان مەزگىلدىن پايدىلىنىپ، كۆك ئوت - چۆپ يىغىش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، تەبىئەتكە تايىنىپ چارۋا بېقىش ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ماس كېلىدىغان ھەممە ئىلمىي سەۋىيىگە ئىگە بولغان تەشكىلىي ئاپپارات ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىدىغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلا بولساق، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ھەسسىلەپ ئۆسۈشىدە گەپ يوق.

شىنجاڭنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالساق، بۇنىڭدا نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولدى، چارۋىلارنىڭ تۇياق سانى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىدىن قارىغاندا، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئاستا. مەھسۇلاتى تۆۋەن بولۇپ. خەلق تۇرمۇشىنىڭ تەلىۋىنى تېخى قاندۇرالمايدۇ. كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن توغرى كېلىدىغان چارۋا ئاران 2.17 تۇياق بولۇپ، 50 - يىللاردىكىگە قارىغاندا، 0.83 تۇياق تۆۋەنلەپ كەتتى، كىشى بېشىغا ئاران 5.5 كىلوگىرامدىن سۈت، 21 جىڭدىن گۆش توغرى كېلىدىغان بولۇپ قالدى، تۇخۇممۇ ناھايىتى كەمچىل، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەسىلىنىڭ تۈپ نېگىزىنى كۆرمەسلىك بولمايدۇ. تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەندە، بۇنىڭدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى مۇنداق 3 نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئىدىيە جەھەتتە تېگىشلىك ئورۇنغا قويۇلمىدى. خەلق تۇرمۇشىنىڭ قەدەممۇ - قەدەم ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، يېمەكلىكلەر قۇرۇلمىسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش تەلىۋىگە، چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ بېرىشىدەك قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەرگە بولغان تونۇش يېتەرلىك بولمىدى ۋە بۇ نەرسىلەر يېتەرلىك ھالدا ئالدىن مۆلچەرلەنمىدى، ئىككىنچى. بىپايان كەڭ تەبىئىي ئوتلاقلا تايىنىلىپ، ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلدى، قۇرۇلۇش قىلىنمىدى، كونا ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە تايىنىلىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى چارۋىلارنى 4 پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ بېقىشتەك ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا توختاپ قالدى. چارۋىچىلار يىل بويى سۇ ۋە ئوت - چۆپكە قاراپ ماكانلاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىقى چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى؛ ئۈچىنچى، چارۋىچىلىق

بىلەن يېزا ئىگىلىكى خاتا ھالدا بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويۇلدى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ھايۋاناتلارنى ئوزۇقلۇق قىلىشنىڭ مۇھىم رولى تونۇپ يېتىلمىدى. شۇڭا ئوتلاقلار بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئاشلىق تېرىلدى، چارۋىلار ھايات كەچۈرىدىغان ئوتلاقلار بارغانسېرى تارىيىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن چارۋىلار يازدا تويۇنۇپ، كۈزدە سەمرىيدىغان، قىشتا ئورۇقلاپ ئەتىيازدا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۈنسايىن ئېغىرلىشىپ كەتتى.

شىنجاڭدا بۇنىڭدىن كېيىن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قەدىمىنى قانداق قىلىپ تېزلىتىش كېرەك؟ مېنىڭچە، ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا رايونلار بويىچە قورۇلۇش ئېلىپ بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئەمەلىلەشتۈرۈش ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى قوغداش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. سىياسەتكە ئاساسەن چارۋىچىلىققا دائىر تۈرلۈك نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش، دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋا بېقىشنىڭ ئوخشاش بولمىغان لايىھەلىرىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۈزۈپ چىقىش لازىم. ھازىر بىزدە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ئىنتايىن ئاجىز ھالدا، شۇڭا بۇنىڭغا چوقۇم ئەھمىيەت بېرىش لازىم، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە نۇقتا تاللاپ. سىناق ئېلىپ بېرىپ، قەدەممۇ-قەدەم كېڭەيتىشكە بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، نۇقتىلىق ھالدا مەبلەغ سېلىش لازىم.

سىياسەت توغرا، تەدبىر مۇۋاپىق بولسا، ئەمەلىي مەسىلىلەر ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىنسا، 5 يىلدىن 10 يىلغىچە ئۈزۈپ قويماي شۇنداق قىلىنسا، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قىياپىتىدە چوقۇم تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاشنى قولغا كەلتۈرۈشتەك جەڭگىۋار ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىنجاڭ — مەملىكىتىمىزدىكى مۇھىم چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى، مۇشۇنداق ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە ئالدىدا، شىنجاڭدا چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاش ياكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، بىز شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، ئۇنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئەمەلىلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ بىر ئۇلۇغ ھەم شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن چارۋىچىلىق سېپىدىكى كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلار ئىدىيە، سىياسىي، كەسىپ ۋە پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە ئۆزىمىزنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، مەركەزنىڭ فاڭجېن، پرىنسىپ ۋە سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك؛ پەقەت ئاشۇنداق قىلىدىغانلا بولساق، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا 12-قۇرۇلتاي ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى قاتلاش ۋەزىپىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز.

تۇرسۇن تۇردى تەرجىمىسى